سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر

# قۇمنى تىزگىنلەپ خەلقنى بېيىتقان «يۇلغۇن بوۋاي»

—— «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچى» شەرەپلىك نامىغا ئېرىشكۈچى، داڭلىق قۇملىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مۇتەخەسسىسى لىيۇ مىڭتىڭ توغرىسىدا

**ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچى**

[ئىستون سۆزى]

**يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، ھەرقايسى تارىخىي مەزگىلدە پارتىيەگە سادىق، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرغان، ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتقان، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بىر تۈركۈم قەھرىمانلار، نەمۇنىچىلار بارلىققا كەلدى، ئۇلار يېنىمىزدىكى «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچى»لار. كۈرەش قىلىش باشتىن - ئاخىر دەۋرنىڭ باش تېمىسى. بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىز «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچى» مەخسۇس ئىستونى ئېچىپ، ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەردە بارلىققا كەلگەن كۈرەش قىلغۇچىلارنىڭ ھېكايىسىنى بايان قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچى»لاردىن ئۆگىنىشكە يېتەكلەپ، يېڭى جۇڭگو، كۈرەشچان يېڭى دەۋرنى مەدھىيەلەيدىغان ياڭراق مېلودىيەنى ئورتاق ياڭرىتىدۇ.**

□ مۇخبىرىمىز شىي خۇيبىيەن

«باشقىلار ئۆزىنى تېخنىكا جەھەتتە يېتەكلەشكە تەكلىپ قىلىپ بەرگەن تېلېفوننى قوبۇل قىلسىلا، مەيلى قەيەردە بولسۇن، ئۇ دەرھال يولغا چىقىدۇ.» 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، لىيۇ مىڭتىڭنىڭ ئوغلى لىيۇ جۈننىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ نەزىرىدە، دادىسى پەقەت يۇلغۇن، توشقانزەدىكىنىلا ئويلايدىغان بولۇپ، باشقا نەرسىنى ئويلىمايدىكەن.

بۈگۈنكى كۈندە، لىيۇ مىڭتىڭ يېتىلدۈرگەن يۇلغۇن، توشقانزەدىكى شىنجاڭدىن چىقىپ، گەنسۇ، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق جايلارغا تەدرىجىي كېڭەيتىلدى ھەم قۇملۇقتىن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزىدىكى ئېغىر دەرىجىدە شورلىشىپ كەتكەن دېڭىز بويىدىكى يەرلەرنى تۈزەشتە كېڭەيتىلىشكە باشلىدى. 2017 - يىلى، ئۇ شەندۇڭ ئۆلكىسى چاڭيى شەھىرىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپلىك مۇتەخەسسىسى بولۇپ، يۇلغۇننى دېڭىز بويىدا ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىشقا كۈچ چىقاردى.

يۇلغۇنغا رىشتە باغلىغاندىن بۇيان، لىيۇ مىڭتىڭ پەقەتلا توختاپ قالمىدى.

### ■ چۆلدە 62 يىل يىلتىز تارتىپ، «لىيۇ يۇلغۇن» دەپ ئاتىلىش

لىيۇ مىڭتىڭ يۇلغۇن ئۆستۈرۈشنى تەتقىق قىلىش، كېڭەيتىشتە نام چىقارغاچقا، بۇ كەسىپتىكىلەر ئۇنى «لىيۇ يۇلغۇن» دەپ ئاتىشىدۇ.

يۇلغۇن تىلغا ئېلىنىشى بىلەن، 86 ياشلىق بۇ بوۋاي بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ تاملىرىغا يۇلغۇننىڭ سۈرەتلىرى ئېسىلغان بولۇپ، بۇلار ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك بايلىق.

1957 - يىلى لىيۇ مىڭتىڭ لەنجۇ داشۆنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭغا بېرىپ خىزمەت قىلىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلتىماس قىلدى، كېيىن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ بىيولوگىيە، تۇپراق ۋە قۇملۇق تەتقىقات ئورنى(ھازىرقى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى)غا تەقسىملىنىپ قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى تەشكىللىگەن تەكلىماكاننى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىگە قاتنىشىپ، چۆلگە كىرىپ قۇمنى تۇراقلاشتۇرىدىغان ئەلا سۈپەتلىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئىزدىدى. بۇ جايدا ئۇ يۇلغۇنغا رىشتە باغلىدى.

«شاخلىرى ئىنچىكىرەك، ناھايىتى قاتتىق، ناھايىتى قۇرغاق، ئەڭ ئاساسلىقى يوپۇرماقلىرى باشقا ئۆسۈملۈكلەرنىڭكىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.» لىيۇ مىڭتىڭ سۆزلىگەچ سۈرەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇخبىرغا مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ خىل ئۆسۈملۈككە تەكلىماكان يۇلغۇنى دەپ نام بېرىلگەن، يۇلغۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ، توغراق، سۆكسۆك بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنىدۇ ھەم جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ چۆل ئورمىنى دەرەخ تۈرى دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، لىيۇ مىڭتىڭ يەنە كەينى - كەينىدىن يەكەن يۇلغۇنى، تارىم يۇلغۇنى، جىنتا يۇلغۇنى قاتارلىق بەش يېڭى تۈرنى بايقاپ، جۇڭگو يۇلغۇن ئائىلىسىدىكى تۆتتىن بىر دەرەخ تۈرىنى بايقىغان ۋە نامىنى بېكىتكەن كىشى بولۇپ قالدى.

«يېڭى تۈرنى بايقاش پەقەت بىر باشلىنىش، ئەمدى قانداق قىلىپ كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىپ ئۆستۈرۈش ئاچقۇچ» دېدى لىيۇ مىڭتىڭ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ يۇلغۇن مايسىسىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئورمان بەرپا قىلىشنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. قايتا - قايتا سىناق قىلىش ئارقىلىق، ئۇ ھەر مو يەردە يۇلغۇن سورتى يېتىشتۈرۈش، كۆچەت يېتىشتۈرۈش سانىنى 50 مىڭ تۈپتىن 500 مىڭ تۈپكە كۆپەيتتى، قەلەمچە قىلىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشتىكى مو بېشى كۆچەت سانىنمۇ 120 مىڭ تۈپكە يەتكۈزدى.

ئارقىدىن، لىيۇ مىڭتىڭ يەنە كەلكۈن سۈيىدە ئېقىتىشتىن پايدىلىنىپ يۇلغۇن ۋە قۇمنى تۇراقلاشتۇرىدىغان باشقا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سورتىنى كېڭەيتىش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلدى ھەم پۈتۈن شىنجاڭدا كېڭەيتتى، يۇلغۇننى نەچچە مىليون مو يەرگە كېڭەيتىپ، كۆپەيتىپ، قۇملۇقنىڭ چېتىدە يېشىل توسۇق بەرپا قىلدى. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خەلقئارا، دۆلەت، ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك 28 تۈرلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ چۆللىشىشنى تىزگىنلەش مۇكاپاتىدىن ئۈچى بار.

### ■ پەن تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ياخشى ياكى ياخشى ئەمەسلىكىدە پۇقرالارنىڭ دېگىنى ھېساب

دەسلەپ يۇلغۇننى كېڭەيتىپ ئۆستۈرۈشتە پەقەت قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تىزگىنلەشلا مەقسەت قىلىنغانىدى، كېيىن قۇم تىزگىنلىنىپ مۇھىت روشەن ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن لىيۇ مىڭتىڭ قۇملۇق رايونىدىكى ئاممىنىڭ قىيىن تۇرمۇشىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىدى. «مەن قۇم تىزگىنلەشتە پەقەت سىلىنمىلا بولۇپ، ھاسىلات بولماسلىقتەك غەلىتە چەمبىرەكتىن ھالقىپ چىقىپ، ئامما ئۈچۈن بېيىش يولى تېپىشنى ئويلىدىم» دېدى لىيۇ مىڭتىڭ.

قۇم تىزگىنلەش جەريانىدا، لىيۇ مىڭتىڭ يۇلغۇننىڭ يىلتىزىدا پارازىت ئۆسىدىغان «قۇملۇق ئادەمگىياھى» دەپ تەرىپلىنىدىغان توشقانزەدىكىنى بايقىدى. توشقانزەدىكىنىڭ جۇڭيى دورىلىرى ئىچىدە ئىشلىتىلىۋاتقىنىغا 2000 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئەزەلدىن سۈنئىي ئۆستۈرۈلمىگەن. «ئەگەر سۈنئىي ئۆستۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا، كىرىمنى ئاشۇرغىلى بولۇپلا قالماي يەنە دېھقانلارنىڭ يۇلغۇن ئۆستۈرۈش ئاكتىپلىقىنىمۇ ئاشۇرغىلى بولىدۇ.» لىيۇ مىڭتىڭنىڭ ئېيتىشىچە، 1985 - يىلى، ئۇ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى چىرا قۇملۇق تەتقىقات پونكىتىدا يۇلغۇن توشقانزەدىكىنى سىناق قىلىپ ئۆستۈرۈشنى باشلىغان. بىر يىلدىن كېيىن، يۇلغۇن توشقانزەدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆسۈپ چىققان. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا، بۇ تەتقىقات نەتىجىسى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغان.

1995 - يىلىغا كەلگەندە، كېرىيە ناھىيەسىدىكى ئالاقىدار تارماقلار پېنسىيەگە چىققان لىيۇ مىڭتىڭنىڭ نامىنى ئاڭلاپ ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ، «قۇم دېڭىزىدىن ئالتۇن ئېلىش» چارىسىنى سورىدى، لىيۇ مىڭتىڭ ئىنتايىن خۇشال بولدى. «پەن تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ياخشى ياكى ياخشى ئەمەسلىكىدە پۇقرالارنىڭ دېگىنى ھېساب.» لىيۇ مىڭتىڭ قۇم تىزگىنلەش پونكىتىدىن ئۆزى يېتىشتۈرگەن يۇلغۇن توشقانزەدىكى كۆچىتىنى ئېلىپ چىقىپ، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ئويتوغراق يېزىسىدىكى تەجرىبە ئېتىزىدا 50 مو يەردە سىناق قىلىپ ئۆستۈردى ھەم مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. شۇنىڭدىن كېيىن تېخنىكىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، لىيۇ مىڭتىڭ خوتۇن، باللىرىنى ئېلىپ تەجرىبە ئېتىزىدا ئولتۇراقلىشىپ، پۈتۈن دۇنيادىكى تۇنجى يۇلغۇن توشقانزەدىكى ئۆلگە كۆرسىتىش بازىسى —— كېرىيە توشقانزەدىكى ئۆستۈرۈش مەيدانىنى قۇردى.

دەسلەپ تەجرىبە ئېتىزىغا كەلگەندە، ھەممە يەرنى قاپلىغان سېرىق قۇمدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. كېيىن لىيۇ مىڭتىڭ بۇ يەردە ئۆي سالدى، دوستلىرى ئۇنىڭغا «قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە لىيۇ ئائىلىسى بار» دەپ چاقچاق قىلدى. بۈگۈنكى توشقانزەدىكى ئۆستۈرۈش مەيدانىدىكى رەت - رەت دەرەخلەر، رەتلىك پىلانلانغان تەجرىبە ئېتىزلىرىدىن ئىلگىرى بۇ جاينىڭ گىياھ ئۈنمەيدىغان بىر پارچە يەر ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ناھايىتى تەس.

ھازىرغىچە، لىيۇ مىڭتىڭ خوتەن ۋىلايىتىدە نەچچە يۈزمىڭ مو يەردە يۇلغۇن توشقانزەدىكىنى كېڭەيتىپ ئۆستۈردى، مو بېشى ھوسۇلى ئەڭ كۆپ بولغاندا 200 كىلوگىرامغا يەتتى، بىر مو يەردىكى توشقانزەدىكىدىن 4000 يۈەندىن 8000 يۈەنگىچە كىرىم قىلغىلى بولىدىغان بولدى.

### ■ بۇ تېخنىكىلارنى تېخىمۇ كۆپ كىشىگە ئۆگىتىش

پەن تەتقىقات خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، لىيۇ مىڭتىڭ پۇقرالارغا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى.

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى رەھمىتۇللا ئادىللا لىيۇ مىڭتىڭ بىلەن 44 يىل بىللە خىزمەت قىلغان. ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، لىيۇ مىڭتىڭ كەنت ئاھالىلىرىگە توشقانزەدىكىنى تونۇتۇش ھەم قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن، يۇلغۇن ھەم توشقانزەدىكىنىڭ سۈرەتلىرىنى بېسىپ چىقىرىپ تانىغا ئېسىپ، ھەر ھەپتىدە ئويتوغراق يېزا بازىرىغا ئېلىپ بېرىپ كۆرگەزمە قىلغان.

«ئاشۇ يىللاردا سۈرەتلەرنى بېسىپ چىقىرىش خىراجىتى ئاز ئەمەس ئىدى.» رەھمىتۇللا مۇنداق دېدى: لىيۇ مىڭتىڭ ۋاقتى چىقسىلا كەنت ئاھالىلىرىگە تېخنىكا ئۆگەتتى.

بۈگۈنكى كۈندە، 90 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، كۆپ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان لىيۇ مىڭتىڭ بىر يىلنىڭ تەڭدىن تولىسىدا يەنىلا جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇ ھەمىشە ئاشۇ كونا موتوسىكلىتىنى مىنىپ كەنتلەرگە بېرىپ ئائىلىلەرگە كىرىدۇ، بازاردا، ئېتىزلىقلاردا كۆپچىلىككە توشقانزەدىكى ئۆستۈرۈشنى ئۆگىتىدۇ.

«مىدىرلىغۇدەك ھالىم بولسىلا مەن داۋاملىق ئىشلەيمەن.» لىيۇ مىڭتىڭنىڭ دېيىشىچە، ھازىر توشقانزەدىكىنىڭ بازار باھاسى ناھايىتى تۇراقسىز ئىكەن، ئۇ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئەجرىنىڭ بىكارغا كەتمەسلىكى ئۈچۈن، كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەسىپ جەمئىيىتى قۇرۇپ، توشقانزەدىكىنىڭ باھاسىنى مۇقىملاشتۇرماقچى بولۇۋېتىپتۇ. ئۇ بۇ تېخنىكىلارنى تېخىمۇ كۆپ كىشىگە ئۆگىتىش ئۈچۈن، توشقانزەدىكى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى توغرىسىدا بىر كىتاب يېزىۋېتىپتۇ ...

---

گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

## ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەيمەن، ئىتتىپاقلىقنى سۆزلەيمەن، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن

**□ سودا - سانائەت بانكىسى قەشقەر شۆبە بانكىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن بانكا باشلىقى ئابدۇراخمان يولۋاس**

مەن قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ يېتىلدىم، يۇرتۇمغا چوڭقۇر مۇھەببىتىم بار. ئۆزۈمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىمنى ئەسلەپ شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىمكى، مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىم باشتىن - ئاخىر پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى، كۆيۈنۈشىدىن ئايرىلمىغان، پارتىيەنىڭ تەربىيەلىشى، يېتىشتۈرۈشىدىن ئايرىلمىغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ غايەت زور تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈردى، مەنمۇ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە گۇۋاھ بولدۇم. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى بولمىسا، شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكىدەك گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى باشتىن - ئاخىر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غېمىنى يېدى، باشتىن - ئاخىر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە ھەر تەرەپلىمە غەمخورلۇق قىلىپ كەلدى. ئىلگىرىكى كىيىم - كېچەك، ئاشلىق كەمچىل بولۇشتىن ھازىرقى كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكتىن غەم قىلمايدىغان بولغىچە، كېسەك ئۆي، پاتقاق يولدىن ھازىرقى ئەمىن ئۆي ۋە ھەممە كەنتلەرگە تۇتاشقان ئاسفالت يولغىچە، كېسەل كۆرستەلمەسلىكتىن ھازىرقى ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك تەكشۈرۈش، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش قاتارلىقلارغىچە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما پارتىيەنىڭ نۇرغۇن ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىدىن بەھرىلەنمەكتە. ھەر مىللەت ئامما ئېشەك ھارۋىسى، ۋېلىسىپىت بىلەن خوشلىشىپ، توكسىكلىت، موتوسىكلىت ھەتتا پىكاپ سېتىۋالدى، ئالاقىلىشىشتا قولايلىق يان تېلېفون ئىشلىتىدىغان بولدى، يىراق سەپەرگە چىققاندا ئاپتوموبىل، پويىز ۋە ئايروپىلاننى تاللاپ ئولتۇرىدىغان بولدى، ئاشلىق تېرىسا، باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا يەنە دۆلەتنىڭ ياردەم تولۇقلىمىسىدىن بەھرىلىنەلەيدىغان بولدى. بۇنداق گۈزەل - باياشات، تىنچ - خاتىرجەم بەختلىك تۇرمۇشتىن بىز ھەققىي بەھرىمەن بولدۇق.

مۇنداق بىر ماقال بار: «سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇما، سەپەرگە چىققاندا يول ياسىغۇچىنى ئۇنتۇما.» بىزگە مىسلىسىز ئەمەلىي نەپ ئېلىپ كەلگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. بىز قانداق مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىز كېرەك؟ بىز يۇقىرى ئاۋازدا «ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە رەھمەت» دەپلا قالماستىن، يەنە دۆلەت قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىدىغان ياخشى پۇقرالاردىن بولۇپ، ئائىلىگە، جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىمىزنى زىممىمىزگە ئېلىپ، پەرزەنتلىرىمىزنى ياخشى تەربىيەلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنى پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا يېتەكلەپ، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ياخشى قوغدىشىمىز كېرەك.

پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇپ، ئۆزۈمنىڭ سۆز - ھەرىكىتىم ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىنى تەربىيەلەپ، ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، تولۇپ تاشقان خىزمەت قىزغىنلىقىم ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالىتىم بىلەن جەمئىيەتكە ئاكتىپ كۈچ تارقىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپەمنى قوشىمەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى:

### ئۆگىنىش جەريانىدا سىياسىي پەزىلەتنى تاۋلاش

ئالتۇن كۈز مەزگىلىدە، ئاۋات ناھىيەسى بەشئېرىق بازىرى دەريابويى كەنتىنىڭ ياڭاقزارلىقىدا، پىشقان سانجاق - سانجاق ياڭاقلارنى شاخلىرى كۆتۈرەلمەي قالغانىدى، ئېتىزلار مول ھوسۇل شادلىقىغا تولغانىدى. «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ دوتسېنتى يۈسۈپنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكىدە، بۇ يىل مو بېشى ھوسۇلى بۇلتۇرقىدىن 50 كىلوگىرام ئېشىشى مۇمكىن!» دېدى كەنت ئاھالىسى ئابدۇنىياز ئابدۇراخمان خۇشاللىق بىلەن.

دەريابويى كەنتىنىڭ ياڭاقتىن مول ھوسۇل ئېلىشى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى ئورمانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك ئىلمىي شۆبىسىنىڭ دوتسېنتى يۈسۈپ ئابلەتنىڭ بۇ كەنتتە يولغا قويغان ياڭاقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتىكى ئۆلچەملەشتۈرۈپ يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىدا ئۆلگە كۆرسىتىشى ۋە ئۇنى كېڭەيتىكەنلىكىدىن بولغان.

«مەن ئوقۇتقۇچى، شۇنداقلا پارتىيە ئەزاسى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتا باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىم بار.» مەكتەپ پارتكومىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، يېقىنقى بىرنەچچە كۈندە، يۈسۈپ پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىشنى چۆردەپ، دەريابويى كەنتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى، ئۇ ئىلغار پەن - تېخنىكىنى قوللىنىپ كېلەر يىلى ياڭاق دەرىخىدىن تېخىمۇ كۆپ «پەن - تېخنىكا مېۋىسى» ئېلىشنى ئۈمىد قىلدى.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى باش تېما تەربىيەسىدە مەركەزلىك ئۆگىنىش، مەخسۇس تېما بويىچە تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، ئۆگىنىش بىلەن ئىشلەشنى بىرلەشتۈرۈپ، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتتە قوللىنىپ، باش تېما تەربىيەسى ئارقىلىق پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ھەم ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسىي پەزىلىتىنى تاۋلاپ، مەسئۇلىيىتىنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا قوزغاپ، ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

مەكتەپ پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىش، ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسىدا قايناق سۇ بىلەن تەمىنلەش، يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوبوروت ئۆيى قاتارلىقلارنى تۇنجى تۈركۈمدىكى تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەزمۇنى قىلدى.

شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنى:

### ئۆگىنىشنى مەركىزىي خىزمەت بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش

باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى تەشكىللەش، قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنى پارتكومى ئالدىن پىلانلاپ، كۆپ قېتىم مەركەزلىك ئۆگىنىش قىلىپ، مۇھاكىمە قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئىدىيەۋى ئاساس ۋە خىزمەت ئاساسى سالدى. شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەر بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، مەكتەپنىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تولۇق كۇرسنىڭ لاياقەتلىك بولۇشنى باھالاش، مەكتەپنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈش، يېڭى مەكتەپ رايونى قۇرۇلۇشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، باش تېما تەربىيەسى ئارقىلىق خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەكتەپنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

شۆيۈەن پارتكومى باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەكتەپ ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان ئەمەلىي قىيىنچىلىق ۋە رېئال مەسىلىلەرنى تولۇق تونۇپ، تۈرلۈك ئامال - چارىلەر بىلەن ئىللىق بولغان ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش مۇھىتى ياراتتى. «بىز ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان تۇرمۇش مۇھىتىنى ياخشىلاش، ياش ئوقۇتقۇچىلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئوبوروت ئۆيىنى ئۆزگەرتىش، ئائىلىلىكلەر رايونى يولىنى قاتتىقلاشتۇرۇش، گۈزەللەشتۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەر ئارقىلىق، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىددىي، قىيىن، غەم قىلىۋاتقان مەسىلىلىرىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ رازى بولۇش - بولماسلىقىنى تەكشۈرۈشتىكى ئاچقۇچ قىلىمىز.» شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنى پارتكومىنىڭ شۇجىسى لى يوڭ مۇنداق بىلدۈردى: شۆيۈەن پىلان بويىچە پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، سىجىل كۈچەپ، ھەققىي تۈردە ئەسلى مەقسەت - بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشتىكى ئاڭلىق ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

شىنجاڭ كەسپىي داشۆسى:

### ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى چىڭ ئىگىلەپ ئۆگىنىش

«ئىنقىلابىي قۇربانلار گەرچە بىز بىلەن ئوخشاش بولمىغان دەۋردە ياشىغان بولسىمۇ، لېكىن ‹ئەسلى مەقسەت› ۋە ‹بۇرچ› باشتىن - ئاخىر ئۆزگەرمىدى.» «شىنجاڭدىكى مائارىپ خىزمەتچىلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسنى ھەققىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئوقۇتۇش بازىسىنى چىڭ ساقلاپ ياخشى باشقۇرساقلا، ئاندىن ئەسلى مەقسىتىمىز ۋە بۇرچىمىزنى تېخىمۇ ياخشى نامايان قىلالايمىز.» 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، شىنجاڭ كەسپىي داشۆسىدە قانات يايدۇرۇلغان مەركەزلىك ئۆگىنىش، مۇزاكىرىدە، بۇ مەكتەپتىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ئەمەلىي خىزمەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش - تەربىيەگە بىرلەشتۈرۈپ، نەزەرىيەدىكى ھاسىلاتى ۋە ئىدىيەدىكى يۈكسىلىشنى سۆزلىدى.

2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭ كەسپىي داشۆسى باش تېما تەربىيەسىنى ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسى بويىچە «چوڭ ئۆگىنىش، چوڭ مۇزاكىرە قىلىش، چوڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈش» پائالىيىتى ھەم ئوقۇتقۇچىلىق ئەخلاقى، ئوقۇتقۇچىلىق ئىستىلى تەربىيەسى ئېيى يۈرۈشلۈك پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئەسلى مەقسەت - بۇرچنى تىرىشىپ يەنىمۇ كۈچەيتتى.

نۆۋەتتە، مەكتەپ «قوش سالاھىيەتلىك» ئىختىساسلىقلار يېتىشمەسلىك مەسىلىسى، كادىرلار، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدا ساقلىنىۋاتقان قۇرۇلما خاراكتېرلىك زىددىيەت مەسىلىسى، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈش سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىغا، كارخانىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئالاقىدار ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

شىنجاڭ كەسپىي داشۆسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى جۇ يىڭگاڭ مۇنداق بىلدۈردى: مەكتەپ «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس»، باش تېمىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش پائالىيىتى قاتارلىقلارغا بىرلەشتۈرۈپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ھەم ئوقۇتقۇچىلار «پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش»تەك روشەن سىياسىي يېتەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەققىي تۈردە باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى مەكتەپنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇن شەكلىدىكى تەرەققىياتىنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە كۈچ قوشۇپ، ۋەتەننى سۆيىدىغان، شىنجاڭنى سۆيىدىغان، مەسئۇلىيەتچان، تۆھپە قوشىدىغان سوتسىيالىزمنىڭ تېخىمۇ كۆپ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى تەربىيەلەيدۇ.